## 48986 ـ هارام مال بىلەن ھەج قىلىش توغرىسىدا

**سوئال**

كېلىش مەنبىيى ئېنىق بولمىغان ياكى هارام مال بىلەن ھەج قىلغان كىشىنىڭ ھەججى توغرا بولامدۇ، بولمامدۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

**تەپسىلى جاۋاب**

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

كېلىش مەنبىيى ئېنىق بولمىغان ياكى هارام مال بىلەن ھەج قىلغان كىشىنىڭ ھەججى توغرا بولىدۇ. يەنى ئۆزىگە پەرز قىلىنغان ھەج ئىبادىتىنى ئادا قىلغان بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھەججى تولۇق قوبۇل قىلىنغان ھەج بولمايدۇ. چۈنكى هارام پۇل بىلەن قىلغان ھەجنىڭ ساۋابى ۋە پەزىلىتى شۇنىڭغا لايىق بولىدۇ. 34517– نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ "ئەلمەجمۇئ" ناملىق ئەسىرى 7–توم62–بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "كېلىش مەنبىيى ئېنىق بولمىغان ياكى هارام مال بىلەن ھەج قىلغان كىشىنىڭ ھەججى توغرا بولىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىگە پەرز قىلىنغان ھەج ئىبادىتى ئادا بولىدۇ. كۆپلىگەن پىقھشۇناس ئالىملار بۇ قاراشتا بولغان".

پىقھى مەسىلىلەر توپلىمى 17–توم131–بەتتە مۇنداق دېيىلگەن: "كېلىش مەنبىيى ئېنىق بولمىغان ياكى بۇلاڭ–تالاڭ قىلىنغان پۇل بىلەن ھەج قىلغان بولسا، سىرتقى ھۆكۈمدە ئۇنىڭ قىلغان ھەججى توغرا بولىدۇ. لېكىن ئۇ كىشى ئاسىيلىق قىلغۇچى بولۇپ، قىلغان ھەججى تولۇق قوبۇل قىلىنغان ھەج دەپ قارالمايدۇ. مانا بۇ كۆزقاراش ئىمام شافىئى، ئىمام مالىك، ئىمام ئەبۇ ھەنىپە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىلگىرى ۋە كېيىنكى كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارشىدۇر.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل: هارام مال بىلەن قىلىنغان ھەج توغرا بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. يەنە بىر قاراشتا: هاراملىق بىلەن دۇرۇس بولىدۇ، دېگەن.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ئۇزۇن سەپەر قىلغان، چاچلىرى چۇۋۇق، چاڭ–توزانغا مىلەنگەن، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قاراپ: ئى پەرۋەردىگارىم!، ئى پەرۋەردىگارىم! دەپ دۇئا قىلغان كىشىنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭ يېمەك–ئىچمىكى، كىيىم–كېچەكلىرى هارامدىن تۇرسا، ئۇنىڭ دۇئاسى قانداقمۇ ئىجابەت قىلىنسۇن. [مۇسلىم رىۋايىتى].

پەزىلەتلىك شەيخ ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئۇ كىشى ھەج پائالىيتىنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى كۆرسەتكەن

بويىچە ئادا قىلغان بولسا، قىلغان ھەجى توغرا بولىدۇ، لېكىن مەزكۇر پەرز ئىبادەتنى ھارام مال بىلەن ئادا قىلغانلىقى ئۈچۈن گۇناھكار بولىدۇ. ئۇ كىشى قىلمىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن كەچۈرۈم تەلەپ قىلىشى كېرەك. مەزكۇر ئىبادەتكە ھارام مال سەرپ قىلغانلىقتىن ئۇنىڭ ھەجى تولۇق بولمايدۇ ئەمما ئۆزىگە پەرز قىلىنغان ھەج ئىبادىتى، پەرز بولۇش سۈپىتى بىلەن گەردىنىدىن ساقىت بولىدۇ. [شەيخ ئىبنى باز پەتىۋالار توپلىمى16-توم387-بەت].

سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات دىنى پەتىۋا تەشۋىقات كومىتېتى پەتىۋالار توپلىمى 11-توم 43-بەتتە مۇنداق دېيىلگەن: "گەرچە ھەجنى ھارام مال بىلەن قىلغان بولسىمۇ، ئۇ ھەجنىڭ ئادا بولىشىغا توسالغۇ بولمايدۇ شۇنداقتىمۇ ئۇ كىشى ھارامدىن مال توپلىغانلىقى ئۈچۈن گۇناھكار بولىدۇ. قىلغان ھەجى بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ بەلكى ھەجنىڭ ساۋابى ۋە ئۇ سەۋەبلىك ھاسىل بولىدىغان پەزىلەت تولۇق بولمايدۇ.

ئاللاھ ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچىدۇر